# تېخىمۇ كۆپ پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتىگە قاتنىشىشىغا مەدەت بېرىپ، سوتسىيالىزمنىڭ قورغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كەڭ «بەش پېشقەدەم»لەر پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى، ياشلار، ئۆسمۈرلەرگە بولغان ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم كۈچ. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتىگە قاتنىشىشىغا مەدەت بېرىپ، كەڭ «بەش پېشقەدەم»لەرنى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كەڭ سەھنىسىدە ياشانغاندىمۇ رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان، نۇر ـ ھارارەت تارقىتالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ قورغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى خۇاڭ كۈنمىڭ يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنى يەتكۈزدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى سۈن چۈنلەن يىغىندا سۆز قىلىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتى قۇرۇلغان 30 يىلدىن بۇيان، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. ھەر دەرىجىلىك ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتلىرى ۋە پېشقەدەم يولداشلارنىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، «بەش پېشقەدەم»لەر روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنقىلابىي ئەنئەنە تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مەكتەپلەرنىڭ مائارىپ ئوقۇتۇشى پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئۇلۇغ ئىش ئىزلىرى ۋە ئالىيجاناب روھىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ياشانغاندىمۇ رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا، نۇر ـ ھارارەت تارقىتىشىغا مەدەت بېرىشى كېرەك.

مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى تەبرىك سۆزى قىلدى.

يىغىندا ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتىنىڭ 30 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن خىزمەت نەتىجىلىرى ۋە تەسىراتلىرى خۇلاسىلەندى ھەم كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەتلەرگە پىكىر بېرىلدى. جۇڭگو ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتى، مەركەز مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى بىرلىكتە بېيجىڭ شەھىرى شىچېڭ رايونلۇق ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتى قاتارلىق 593 ئىلغار كوللېكتىپ ۋە 1907 ئىلغار شەخسنى تەقدىرلىدى. تەقدىرلەنگەنلەر ۋەكىللىرى يىغىندا سۆز قىلدى.

مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار ۋە ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتى، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى، مەركەزدىكى دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلۈش خىزمىتى كومىتېتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى قاتارلىقلار بولۇپ 300دىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى جياڭ پېڭئەن، جۇڭگو دېھقان ـ ئىشچىلار دېموكراتىك پارتىيەسى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى مىڭ چىڭسەي، جۇڭگو دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىدىكى مۇئاۋىن مۇدىر ئەزاسى سۈن يوخۇا، «3 ـ سېنتەبىر» ئىلمىي جەمئىيىتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئەزاسى جيا دېيەنزېڭ قاتارلىق ۋەكىللەر ئايرىم ـ ئايرىم سۆز قىلىپ، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈش قاتارلىق جەھەتلەردە پىكىر ـ تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «14 ـ بەش يىل» مەزگىلى دۆلىتىمىز يېڭى، تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىل، شۇنداقلا شىنجاڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيدىغان، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدىغان، ئەبەدىي ئەمىنلىككە ئاتلىنىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىل. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بەردى، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى ئالاھىدىلىك، يېڭى تەلەپنى چوڭقۇر تونۇپ ۋە ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى يېڭى پۇرسەت، يېڭى خىرىسقا دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر بىلەن قاراپ، پۇرسەت ئېڭى ۋە خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۆزگىرىشنى توغرا تونۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ماسلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يىراقنى كۆزلەپ، چوڭ ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ئىشكىنى ئېچىۋېتىپ تەدبىر سوراپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىش، ھۆكۈمەت بىلەن بازار، ئېچىۋېتىش بىلەن ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش، تەرەققىيات بىلەن بىخەتەرلىك، ئىستراتېگىيە بىلەن تاكتىكىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا، ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشانى، پىكىر يولى، تەدبىرلىرىنى ئىلمىي، ياخشى پىلانلاپ، ئىشنى ياخشى باشلاشقا، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار، سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ۋە مۇتەخەسسىس، ئالىملار، كارخانىچىلارنىڭ ئالاقىلىشىش دائىرىسى كەڭ بولۇش، ئىختىساسلىقلار يىغىلغان بولۇش، ئەقىل ـ كۈچ توپلانغان بولۇش قاتارلىق ئەۋزەللىكلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆپرەك چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلار ھەرقايسى تەرەپلەر ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئەستايىدىل رەتلەپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، پائال قوبۇل قىلىپ، كۆپنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئاۋامنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى مۇجەسسەملەپ، بىرلىكتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ياخشى تۈزۈپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنخۇا ئاگېنتلىقى 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى «ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاش ئۈچۈن — شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنىڭ يېڭى دەۋردە دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش خاتىرىسى» دېگەن ماۋزۇدا مۇھىم ماقالە ئېلان قىلىپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنىڭ يېڭى دەۋردىكى قايىنام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئەمەلىيىتىدە ۋەزىيەت ئېھتىياجى بىلەن بارلىققا كېلىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلغانلىقى ھەم كۈنسېرى پىشىپ يېتىلىپ مۇكەممەللەشكەنلىكنى، يېڭى دەۋردە دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇنچىللىق گۈزەل ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىگەنلىكى، تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشقانلىقىنى، بۇنىڭ، مۇقەررەر ھالدا قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، ئۈزلۈكسىز يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقىشقا يېتەكلەيدىغانلىقىنى ئومۇميۈزلۈك شەرھلىدى.

شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسى قانداق قىلىپ ماركسىزملىق قانۇنچىللىق نەزەرىيەسىنى جۇڭگوچىلاشتۇردى؟ ئىلمىيلىكى، ئەمەلىيەتچانلىقى، خەلقچىللىقى قانداق باشتىن ـ ئاخىر تومۇرداش؟ قانداق ئەڭ يېڭى نەتىجىلەر بار؟

— دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش باش نىشانىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى.

— جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي مېڭىشنى تۇنجى قېتىم جاكارلىدى.

— دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشقا دائىر بىر قاتار مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە تۇنجى قېتىم چوڭقۇر جاۋاب بەردى.

— جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق سىستېمىسىنىڭ ئىلمىي ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى تۇنجى قېتىم شەرھلىدى.

— دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئاساسىي رامكىسى ۋە ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى تۇنجى قېتىم ئايدىڭلاشتۇردى.

مەركەزنىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا مەركەزلىك ئىخچاملانغان «11دە چىڭ تۇرۇش» شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنىڭ مول ۋە چوڭقۇر ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى نامايان قىلدى.

قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش. شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق ئەمەلىيىتى مۇنبەت تۇپرىقىدا يىلتىز تارتىپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ياخشى قانۇن ئارقىلىق ياخشى ئىدارە قىلىشقا تۈرتكە بولۇش دەۋر مۇساپىسىدە ئەمەلىيەت خىسلىتىنى نامايان قىلدى، ئەمەلىيەت ئۇلۇغ كۈچىنى نامايان قىلدى.

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق، ئىچكى ئىشلار، دىپلوماتىيە، دۆلەت مۇداپىئەسى، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ئارمىيەنى ئىدارە قىلىشنىڭ ھەممىسى قانۇنچىللىقنى ئاساس قىلىدۇ، قانۇنچىللىقنى كاپالەت قىلىدۇ، قانۇنچىللىق ئارقىلىق ئىزچىللاشتۇرۇلىدۇ. شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنىڭ نۇرىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق بىناسى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈردى.

ھەممىدە خەلقنى كۆزلەش، بۇ، قانۇنچىل جۇڭگونىڭ نىشان يېتەكچىسى. شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىدە خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، خەلقنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشتىكى قىممەت ئىنتىلىشىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

خەلقنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان ئىدىيە شانلىق نۇرىنى چاقنىتىش؛ خەلققە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن، قانۇنچىل جۇڭگونىڭ باشتىن ـ ئاخىر بىردەك بولۇش ئاساسىنى پۇختىلاش؛ خەلق قەلبىدە يىلتىز تارتىپ، خەلققە تايىنىپ قانۇنچىللىقنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان جاھاندىكى توغرا يولنى تېپىپ چىقىش.

قانۇنچىللىق ئەلنى ئەمىن تاپقۇزۇش، ئاساسىنى پۇختىلاشنىڭ ئۇل تېشى. قىينچىلىق قانچە مۇشكۈل، مۇرەككەپ بولغانسېرى، قانۇنچىللىقنىڭ رولىنى شۇنچە تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، قانۇنچىللىق ئارقىلىق «ئاساسىنى پۇختىلاش» «كۆزلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئۇزاق كەلگۈسىگە پايدىلىق بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

قانۇننى پروگرامما قىلىپ، قانۇنغا ھۆرمەت قىلىپ، ياخشى ئىدارە قىلىش.

«ئومۇمەن مۇھىم، زور ئىسلاھاتلارنىڭ ھەممىسىدە قانۇن ئاساسى بولۇشى كېرەك.»

«سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ماھىيەتتە قانۇنچىللىق ئىگىلىكى.»

«قانۇنچىللىق ئەڭ ياخشى تىجارەت ـ سودا مۇھىتى».

توسالغۇلارنى سۆپۈرۈپ تاشلاش داۋامىدا يېڭى مەنزىل ئېچىش، خەۋپ ـ خەتەر خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتا شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسى دۇنيا قانۇنچىللىق مەدەنىيلىكى ئۈچۈن جۇڭگو تەجرىبىسى ۋە جۇڭگو ئەقىل ـ پاراستىنى تەقدىم قىلدى.

يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ قانۇنچىللىق ئېتىقادى كۈنسېرى مۇستەھكەملىنىپ، ھەيۋەتلىك، كۈچلۈك قانۇنچىللىق كۈچى مۇجەسسەملەنمەكتە. شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇنچىللىق ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇلۇغۋار ئىشنىڭ ئاساسىنى پۇختىلىدى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

ئاپتونوم رايون رەھبىرى ئىقتىساد ساھەسىدىكىلەرگە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

# ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى سىجىل، چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن سىن يىغىنى شەكلىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد ساھەسىدىكى تارماق(ئورۇن)لاردىكى كادىرلار، ئاممىغا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى.

جاڭ چۈنلىن لېكسىيەسىدە پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى نۇقتىلىق چۆرىدەش؛ دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، پايدىلىق شارائىت ۋە مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تونۇش؛ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش؛ 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان ۋە «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى قائىدىسى، مۇھىم نىشانى، نۇقتىلىق ۋەزىپىلىرىنى دەل جايىدا ئىگىلەش؛ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇرى ۋە مۇھىم كۈچەش نۇقتىسىنى مەھكەم ئىگىلەش؛ پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىن ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى شەرھلىدى، چۈشەندۈردى.

جاڭ چۈنلىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى ئىقتىساد ساھەسىدىكى تارماق(ئورۇن)لار سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنى سىجىل چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلەن ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، پۈتۈن يىللىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ تاماملاپ، كېلەر يىللىق خىزمەتلەرنى بالدۇر پىلانلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسىنى كۆڭۈل قويۇپ تۈزۈپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئىشنى ياخشى باشلىشى، قەدەمنى ياخشى ئېلىشى كېرەك.

---

# 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان تۆت ئاغرىق مەسىلى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

## كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 30 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان تۆت ئاغرىق مەسىلى دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى، دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسىلىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى؛ كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 30 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىدە 27، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئۈچ.

بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش دوختۇرخانىسى ئاغرىقلار رايونىنىڭ مۇدىرى جۇ يۈلوڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: يۇقىرىقى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسىلىلىرى دوختۇرخانىغا كىرگەندىن كېيىن، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش دوختۇرخانىسى بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكى ۋە ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل داۋالاش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، ئاغرىقلارنى داۋالاش لايىھەسىنى دەل ۋاقتىدا تەڭشىدى ۋە ئەلالاشتۇردى. دوختۇر ـ سېسترالار كوللېكتىپىنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى ـ داۋالىشى، كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى بىلەن، ئاغرىقلارنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى سىجىل ياخشىلاندى، ۋىرۇس نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۇدا ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق مەنپىي چىقتى، تۈرلۈك خىمىيەلىك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى، ئۆپكە قىسمىنى رېنتگېنلىق تەكشۈرۈش نەتىجىسى، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ ھەممىسى نورمال بولۇپ، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ «يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى(سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 ـ نۇسخىسى)»دىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مەسىلىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بېكىتىلگەن قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش دوختۇرخانىسى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ كېسەللىك مەنبەسى ئىلمىي كۆرسەتكۈچى ۋە ئۆپكە قىسمىنىڭ رېنتگېندىكى ھالىتىنى ئۇدا، قاتتىق كۆزىتىپ ئۆلچىدى، ئوزۇقلۇقىنى كۈچەيتتى ۋە بەدەن ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، 11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 30 يۇقۇملانغۇچىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ياخشىلاندى، تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى نورمال بولۇپ، تېببىي كۆزىتىشنى بىكار قىلىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كەلدى.